شىنخۇا ئاگېنتلىقى

# «جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇم ئۇچۇرىنى ئېلان قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىش خاتىرىسى»نى تارقاتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى** شىنخۇا ئاگېنتلىقى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇم ئۇچۇرىنى ئېلان قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىش خاتىرىسى»نى تارقاتتى.

«خاتىرە»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان يۈز بەرگەن تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق ئېغىر، زور تاساددىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى. يامان ئەلپازدا كەلگەن يۇقۇم ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو ئەڭ ئومۇميۈزلۈك، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، 1 مىليارد 400 مىليون خەلق جاپا - مۇشەققەتتە ھەمدەم بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا قارشى قەدىرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، غايەت زور بەدەل تۆلىدى ۋە قۇربان بەردى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىش ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە كېڭەيتىلدى.

«خاتىرە»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، يۇقۇم پۈتۈن يەر شارىنىڭ كۆپ نۇقتىلىرىدا پارتلاپ ھەم تېز سۈرئەتتە يامراپ، دۇنيا ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى ئىنتايىن زور خىرىسقا ئۇچراتتى. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ 4 - ئاينىڭ 5 - كۈندىكى سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن يەر شارىدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 1 مىليون 130 مىڭدىن ئاشقان، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دۆلەت ۋە رايون 200دىن ئاشقان.

«خاتىرە»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ۋىرۇسنىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، يۇقۇم ئىرق ئايرىمايدۇ. ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرغاندىلا، خەلقئارا جەمئىيەت ئاندىن يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ماكانىنى قوغدىيالايدۇ. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئوچۇق، ئاشكارا، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن، يۇقۇم ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن قىلچىمۇ قالدۇرماي تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىتى ھەم ھەرقايسى تەرەپلەرگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ۋە كەڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى تاراتقۇلارنىڭ خەۋىرى ۋە جۇڭگو دۆلەت سەھىيە ساغلاملىق كومىتېتى، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرغا ئاساسلىنىپ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە جۇڭگونىڭ دۇنيا بىلەن قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، يۇقۇم ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىلىنىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە دائىر خەلقئارا ئالاقە، ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىش جەھەتلەردىكى ئاساسلىق پاكىتنى رەتلەپ چىقتى.

«خاتىرە» تولۇق تېكىستىنى ئىككىلىك كودنى سىكانېرلاپ كۆرۈڭ

---

(بېشى 1 - بەتتە)

كىرېمنىي كېينىنى سانائەت كىرېمنىيسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن پولى يەككە كرىستاللىق كىرېمنىينى شەكىللەندۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەككە كرىستاللىق كىرېمنىي ئىشلەپچىقىرىپ، بىر يۈرۈش مۇكەممەل بولغان كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرگەندە، ئۇلار ئاساسىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق ھالقىدا «چاتاق چىقارمايدۇ».

ئۇچۇر كەسپى ۋە فوتوۋولت كەسپ ساھەسىدە، كىرېمنىي بىلەن كىرېمنىي ئاساسىدىكى يېڭى ماتېرىيال يۇقىرى ھالقىدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تۆۋەنكى ھالقىسى ئاۋىياتسىيە، ئالەم قاتنىشى، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر، بىيودورىگەرلىك، ماشىنسازلىق، كۈندىلىك خىمىيە ۋە شەخسىي پەرۋىش بۇيۇملىرى قاتارلىق بارلىق سانائەت ساھەسى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر بىلەن تۇتىشىدۇ.

«بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىمىز تەسىرگە ئۇچرىغان ھامان، ئۆزىمىزگە زىيان بولۇپلا قالماي، باشقا ساھەلەردىكى كەسىپ زەنجىرىمۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ» دېدى گاۋ شياۋفاڭ.

كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتىگە ئەڭ زور سالماقتا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىلەن ئۇدۇللىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە مۇلازىمەت كارخانىلىرىدىكى شىنجاڭ سىرتىدىن كېلىدىغان خادىملار قايتىدىغان ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەخسۇس پويىزىنى تەسىس قىلدى. 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، دۇڭفاڭ شىۋاڭ شىركىتىنىڭ 472 نەپەر ئىش ئورنىغا قايتقان خادىمى بىخەتەر، تەرتىپلىك ھالدا كارخانىغا يەتكۈزۈلۈپ، كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئېيىدا، بۇ شىركەت 8000 توننا پولى كرىستاللىق كىرېمنىي، 140 مىڭ توننا ئالىيومىن مەھسۇلاتى، 40 مىڭ توننا سانائەت كىرېمنىيسى ئىشلەپچىقاردى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.0% ئاشتى.

«بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.» گاۋ شياۋفاڭ مۇنداق دېدى: شىركەتنىڭ سانائەت كىرېمنىيسى مەھسۇلات مىقدارى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42% ئەتراپىدا ئاشتى، پولى كرىستاللىق كىرېمنىي مەھسۇلات مىقدارى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 110% ئەتراپىدا ئاشتى، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشى تۆۋەن ھالقىدىكى كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىنى كۆپەيتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى.

بۇ، شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ھالقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوزغاتقانلىقىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى. كارخانىنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتى، خام ئەشيا كەمچىل بولۇش، مەھسۇلات سېتىلماي قېلىش قاتارلىق مەسىلىلىرىگە قارىتا، بۇ تەرەققىيات رايونى ھەر كۈنى كارخانا زاكاز تالونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا ھۆكۈم قىلىپ، چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالەتنى بىر - بىرلەپ تېزىپ چىقىپ، بارلىق ئاماللار بىلەن ھەل قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ تەرەققىيات رايونى يەنە «شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، مۇقىم تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرى» قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش، توسۇق نۇقتىلارنى ئېچىش، قىيىن نۇقتىلارنى ھەل قىلىش، ئۈزۈلگەن نۇقتىلارنى تولۇقلاش ئارقىلىق پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كۈچ قوشۇشىغا ياردەم بەردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يېقىندا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى بىر قەدەر تېز بولغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ سۈرئىتى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە ئالدىغا سۈرۈلگەن. نۆۋەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يازغى بۇغداي تېرىش تاماملىنىپ، كۆممىقوناق ۋە كېۋەز تېرىش پات ئارىدا يۇقىرى پەللە مەزگىلىگە كىرىدىكەن، شىمالىي شىنجاڭدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلغان، مۆلچەرلىنىشچە، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تېرىلغۇنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى كۈتۈۋالىدىكەن.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى توشۇش يوللىرىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇردى، يېزا ئىگىلىكى - يېزا تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭشەپ، تېز سۈرئەتتە ئىنكاس قىلىپ، دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيەۋى ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق قاتارلىق يېزا ئىگىلىكى ماددىي ئەشيالىرى زاپىسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئەڭ يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا دېھقانچىلىق دورىلىرى، خىمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاپاس مىقدارى مۆلچەردىكى ئىشلىتىلىش مىقدارىدىن تەخمىنەن بەش پىرسەنت پوئېنت ئاشقان بولۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىكەن.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۈزگى بۇغداي قاتارلىق زىرائەت مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى بۇلتۇرقىدىن ياخشى بولدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكى - يېزا تارماقلىرى تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئەتىيازلىق سۇغىرىش ۋە بۇغداي قاتارلىق قىشتىن ئۆتكەن زىرائەتلەرنىڭ ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشىنى نۇقتىلىق تەشكىللەپ ياخشى تۇتۇپ، مايسىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىرىنچى، ئىككىنچى تۈردىكى مايسىلارنىڭ نىسبىتىنى ئۆستۈردى. شىمالىي شىنجاڭ رايونى يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش - تەمىنلەش ۋە زاپاس ساقلاشنى نۇقتىلىق تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى ئۇچۇرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مۇلازىمەت تەپەككۇرىدا داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىپ، تور ۋە تور سىرتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن شەكىلنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى دېھقانلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكا مەدەتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېرىقچىلىق چوڭ ئائىللىرى، دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، كەسپلەشكەن مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى قاتارلىق يېڭىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش سۇبيېكتلىرىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋاقىت، جاي، مايسىغا قاراپ ئاچقۇچلۇق تېخنىكا تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس سالىدۇ.

---

# چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا پارتىيەۋىلىكنى تاۋلاش

(بېشى 1 - بەتتە)

مەسئۇل ۋىراچى ۋاڭ باۋجۇ تەنتەنىلىك ھالدا پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇندى.

ۋۇخەن داشۆسى خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ شەرقىي دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلغان ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىتتا، ۋاڭ باۋجۇ ICU كېسەللىك رايونىدا كېچە - كۈندۈز كۈرەش قىلىپ، ئون يىلغا يېقىن ئېغىر ئاغرىقلارنى كۆزىتىش بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 29 خەتەرلىك، ئېغىر ئاغرىقنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىگە قاتناشتى. «مەركىزىي ۋېناغا نەيچە ئورۇنلاشتۇرۇش» «كانايغا نەيچە كىرگۈزۈش» قاتارلىق جاراھەت پەيدا قىلىدىغان مەشغۇلاتنىڭ ھەربىر تۈرىدە دەل جايىدا بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ھالبۇكى مۇداپىئە كىيىمى كىيىش، كۆز ئاسراش ئەينىكى تاقاش ۋە پەلەي كىيىش مەشغۇلاتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىدۇ. ۋاڭ باۋجۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھەممىلا قېتىمدا يۇقۇملىنىپ قېلىش خەۋپ - خەتىرىگە قارىماي، ئەستايىدىللىق بىلەن مەشغۇلاتنى تاماملىدى، ئاغرىقلار ئۈچۈن ھاياتلىق ئۈمىدىنى قولغا كەلتۈردى. ECMO (بەدەن سىرتىدا ئوكسىگېنلاش)نىڭ ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشتا ئىنتايىن مۇھىم رولى بار. ۋۇخەنگە بېرىشتىن ئىلگىرى، ۋاڭ باۋجۇ 50كە يېقىن ECMO ئوپېراتسىيەسىگە قاتناشقان. مول تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ، ئۇ ئاغرىقلار رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق ECMO تېخنىكىسى ئارقىلىق ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا قاتنىشىپ، ئاغرىقلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزدى. ۋۇخەندىكى مەزگىلدە، ۋاڭ باۋجۇ ئايرىش رايونىدا 300 نەچچە سائەت خىزمەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇرۇش سېپىدە پارتىيەگە كىرىش جاپا چېكىشتە ئالدىدا، ئاتاكىغا ئۆتۈشتە ئالدىدا مېڭىشتىن دېرەك بېرىدۇ، مەن جەزمەن ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئاممىنىڭ ھاياتى ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى قوغدايمەن».

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىنجاڭنىڭ 2 - تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى، لوپنۇر ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللەر 2 - بۆلۈمىنىڭ پەرۋىشچىسى دۇڭ ياگې ۋە ئەترەت ئەزالىرى پارتىيە بايرىقى ئالدىدا تەنتەنىلىك ھالدا «پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارمەن» دېگەن جاراڭلىق قەسەمنى ياڭراتتى. «بىر تېببىي خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئالاھىدە مەزگىلدە، مېنىڭ بىر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولالىشىم شەرەپ ھەم مەسئۇلىيەت» دېدى دۇڭ ياگې.

بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، بارماق تومۇرىدىن ئوكسىگېن مىقدارىنى ئۆلچەش، ئاغرىقلارغا دورا يېيىشنى، ئوكۇل ئۇردۇرۇشنى تاپىلاش... ۋۇخەن دۇڭشىخۇ (ۋۇخەن مەدەنىيەت يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزى) فاڭساڭ دوختۇرخانىسىدا، دۇڭ ياگې ۋە ئەترەت ئەزالىرى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاغرىقلارنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قوغدىدى. بەزى ئاغرىقلار تەشۋىشلەنگەندە ئۇ دائىم سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، ئۇلارغا كۆيۈنۈپ تەسەللى بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئاغرىقلار بىزنىڭ يۈزىمىزنى كۆرەلمەيدۇ، ئەمما ئۇلارغا سۆز - ھەرىكىتىمىزدىن ئۈمىدنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز كېرەك».

## چىڭ تۇرۇش داۋامىدا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شىمىگۇ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى لىيۇداۋان ساقچىخانىسىنىڭ مۇۋەققەت مۇئاۋىن باشلىقى ئالىمجان ئابدۇكېرەم باشتىن - ئاخىر بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇپ، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئاممىنىڭ تىنچلىقى، ئامانلىقىنى ئۈن - تىنسىز قوغداپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشتە، ئالىمجان تەۋەلىكىدە 59 ئىگە - چاقىسىز ياشايدىغان كىشىنىڭ بارلىقىنى ھەممىدە مېيىپلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ قولايسىزلىقىنى، قارىغۇچىسى يوقلۇقىنى بىلىپ، دەرھال ساقچىخانا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش ياردەم بېرىش - يۆلەش كىچىك شۆبە ئەترىتى تەشكىللەپ، ھەر كۈنى ئائىلىلەرگە كىرىپ دېزىنفېكسىيە قىلىپ، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئاپىرىپ بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كۆپچىلىككە ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدۇردى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن «كۈرەش»كە ئاتلىنىش ئۈچۈن، ئالىمجان ۋە ئۆزىگە ئوخشاش خەلق ساقچىسى بولغان خوتۇنى ئىككى بالىسىنى چوڭلارنىڭ بېقىشىغا ھاۋالە قىلىپ قويدى، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالدىراش ئىشلىدى. ئېپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، ئالىمجان كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كەچتە، پەيزاۋات ناھىيەسىدە 6.4 بال يەر تەۋرىدى، جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى قەشقەر پويىز ئىشلىرى ئۇچاستكىسى ۋۇجيەنفاڭ ۋوگزالىنىڭ نۆۋەتچى خادىمى شى سەنچېڭ تېزلىكتە يېنىدىكى پويىزلارنى تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇش سىمسىز تېلېفوننى قولغا ئېلىپ، يەر قاتتىق تەۋرەۋاتقان ئەھۋالدا ئارىلىقتا قاتناۋاتقان يولۇچىلار پويىزلىرىنى توختىتىپ، قاتناۋاتقان پويىزلاردا تېخىمۇ چوڭ ئاپەت يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، كۆپچىلىك ئۇنى يېقىملىق قىلىپ «تېلېفون ئاكا» دەپ چاقىرىدىغان بولدى. يەر تەۋرەش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەسلىدە نۆۋەت بىلەن دەم ئالىدىغان شى سەنچېڭ ۋوگزالغا جەڭگە قاتنىشىش ئىلتىماسى تاپشۇردى: «مەن ئىلگىرى ھەربىي بولغان، ھازىر تۆمۈريول خادىمى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مەن تۆمۈريولنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىمنى زىممەمگە ئالىمەن.» 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە، ئۇ ئىزچىل ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، پويىزنىڭ نورمال قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئۈن - تىنسىز تۆھپە قوشتى. 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، بۇ 26 ياشلىق «تېلېفون ئاكا» قىپقىزىل پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى دۆلەت جىددىي تېببىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئەترىتىدە 12 كىشى شەرەپ بىلەن پارتىيەگە كىردى، شىخەنزە داشۆسى تېببىي شۆيۈەنى 1 - شۆبە دوختۇرخانىسى نەپەس 2 - بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، 50 ياشلىق جاڭ جۇڭخۇڭ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ۋۇخەن دۇڭشىخۇ (ۋۇخەن مەدەنىيەت يىغىن كۆرگەزمە مەركىزى) فاڭساڭ دوختۇرخانىسىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، ئۇ ھەر قېتىم دوختۇرخانىغا كىرىپ ئون سائەت ئەتراپىدا خىزمەت قىلدى. بىر قېتىم ئۇ پۈتۈن گۇرۇپپىدىكى تېببىي خادىملارنى باشلاپ، دوختۇرخانىغا كىرىپ 300دىن ئارتۇق ئاغرىقنى كۆرۈپ، 400دىن ئارتۇق دوختۇر تاپشۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلدى. خىزمەت ئورنىدا ئىككى ئايغا يېقىن چىڭ تۇرۇش جەريانىدا، ئۇلار مۇھەببەت ۋە مەسئۇلىيەت ئارقىلىق «دوختۇرلارنىڭ مېھرىبانلىقى»نى يېزىپ چىقتى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ داۋالايدىغان بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق كۆكرەك كېسەللىرى دوختۇرخانىسى جىددىي داۋالاش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋىراچى دۇڭ جېڭلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش - قۇتقۇزۇش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىزچىل داۋالاش - قۇتقۇزۇش بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ھەر كۈنى ئايرىش رايونىدا سەككىز سائەتتىن ئارتۇق خىزمەت قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئون ئېغىر ئاغرىقنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا قاتناشتى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مەزگىلىدە، ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى.

## پارتىيە ئەزالىرىغا ئوخشاش جەڭ قىلىش

«پارتىيە تەشكىلاتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە مېنى سىنىسۇن!» يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بەس - بەستە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇنۇپ، پارتىيە تەشكىلاتىغا يېقىنلىشىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويدى.

«مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدىم، خەۋپ - خەتەردىن قورقمايمەن، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىمەن، خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ بارلىق كۈچۈمنى بېغىشلايمەن.» قابا ناھىيەسى جايلىما يېزىلىق شىپاخانا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمىنىڭ كادىرى گۈلجان بادىش پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا پائال نەتىجە يارىتىشتەك كۈچلۈك ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

بۇ ئالاھىدە مەزگىلدە، پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى «جەڭگە ئاتلىنىش ئىلتىماسى»دۇر. 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن باشلاپ، گۈلجان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش زەربىدارلار ئەترىتىگە كىرىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. شۇ مەزگىلدە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، تېببىي ئايرىش نۇقتىلىرىدا بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، سىرتتىن كەلگەن خادىملارنىڭ ئالاقىدار ئۇچۇرلىرى قاتارلىقلارنى ئىگىلەش گۈلجاننىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارلىق مەزمۇنىغا ئايلاندى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە ئۇ پارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ، پارتىيە ئەزالىرىغا ئوخشاش جەڭ قىلدى.

سانجى شەھىرى جۈنشەن يولى كوچا باشقارمىسى تيانشان مەھەللىسىدىكى پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپى لو ۋېنبىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، كۆپ تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ 170 يۈرۈشتىن ئارتۇق مۇداپىئە كىيىمى، 2500دىن ئارتۇق ئەخلەت خالتىسى سېتىۋېلىپ، ئائىلىلەرگە ھەقسىز تارقىتىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇنغان شۇ دەقىقىدىن باشلاپ، مەن ئۆزۈمگە پارتىيە ئەزالىرىغا ئوخشاش زەربىدارلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، چامامنىڭ يېتىشىچە ھەربىر ئىشنى ياخشى قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتىم».

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، يەككە سودا - سانائەتچى شياۋ جىڭگۇاڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ بۇرۇلتوقاي بازىرى خۆەنچېڭ غەربىي يولى مەھەللىسىنىڭ پىدائىيلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، كۈندۈبويى خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتى بىلەن ئالدىراش يۈردى. «بۇ كۈنلەردە مەھەللىدىكى پارتىيەلىك كادىرلار بىلەن مۈرنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلدىم، مەن ئۇلارنىڭ ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقىدەك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ، ئىنتايىن تەسىرلەندىم، مەنمۇ ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇشقا تەقەززا بولدۇم، پارتىيە تەشكىلاتى مېنى سىنىسۇن. يۇقۇم تۈگىمىگۈچە چېكىنمەيمەن» بۇ، شياۋ جىڭگۇاڭنىڭ يۈرەك ساداسى.

ئاچقۇچلۇق پەيتتە زەربىدارلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ، خەتەرلىك پەيتتە جان پىدالىق كۆرسەتكەنلەرلا ئاندىن ھەقىقىي كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار ۋە ئىلغارلار بۇ مەيدان چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىپ، پارتىيەگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان چاغدىكى ۋەدىسى ۋە قەسىمىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

**(مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار چاۋ جىن، ما يىنىڭ، لۇ فېڭباۋ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ شىنمېي)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)